# ئىجابەتسىز قايتۇرۇلمايدىغان ياكى ناھايىتى ئاز قايتۇرىلىدىغان ئىككى خىل دۇئا بار، بىرسى؛ ئەزان ئېيتىلىۋاتقان ۋاقىتتا قىلىنىغان دۇئا، يەنە بىرسى؛ تازا قاتتىق ئۇرۇش بولىۋاتقان ۋاقىتتا قىلىنىغان دۇئا

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىجابەتسىز قايتۇرۇلمايدىغان ياكى ناھايىتى ئاز رەت قىلىنىدىغان ئىككى خىل دۇئا بار، بىرسى؛ ئەزان ئېيتىلىۋاتقان ۋاقىتتا قىلىنىغان دۇئا، يەنە بىرسى؛ تازا قاتتىق ئۇرۇش بولىۋاتقان ۋاقىتتا قىلىنىغان دۇئا»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇھەدىستە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنىپ، مۇجاھىدىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا قىلغان دۇئاسىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىجابەت قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇلغاندىن تارتىپ ھەتتا نامازغا تەكبىر ئېيتىلغانغا قەدەرقىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئەزاننىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5035